شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 7 ـ ئاي
18
پەيشەنبە
维吾尔文 7月18日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24760 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاش

ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدىن خاتىرە

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاڭ شياۋسۇڭ

1 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلماقتا. 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى

ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار **ليۇ خۇا، ۋۇ جيالىن**) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا دۆلەتكە قايتىپ 2019 ـ يىللىق چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ھەرقايسى ئەلچىلەردىن ۋە دىپلوماتىيە سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي زالىغا يېتىپ كەلدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ئەلچىلەر بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، پات ـ پات پاراڭلىشىپ تۇردى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم 2019 ـ يىللىق چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆز قىلدى. يىغىندا ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت ھەم دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تۇرۇۋاتقان تارىخىي ئورنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق بارلىق ئەلچىلەردىن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تاشقى خىزمەت مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋېلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، مەركەز «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىدە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن، مەسىلىنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە كۆرسىتىلگەن سەككىز جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى مەخسۇس تۈزەشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە سەككىز جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى مەخسۇس تۈزەش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسى، باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىي يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدىكى، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش، ئەسلى مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۈك** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدىكى، ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇش كېرەك. مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تونۇش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈرۈشتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

■ «تۆت جايىدا بولۇش»نى تۇتۇش باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا «تۆت جايىدا بولۇش»نى تۇتۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى يەنىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇشىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جيەنگو مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ

«ئالىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي مائارىپ قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئالىي مائارىپ قانۇنى» دېيىلىدۇ)نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ھەمراھ بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلايمىز، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيمىز

ـــ 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىشى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قىزغىن ئىنكاسىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق قارىدى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بىڭتۇەن 10 ـ شىسى بېيتۈن سانائەت ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى كىچىك كارخانىلار ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). بۇ ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىنى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى ياردەم بېرىپ قۇرغان بولۇپ، 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ، ئالتە يۈرۈش ئۆلچەملىك زاۋۇت ئۆيىنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتە پۈتتى ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى. ھازىر ئالتە كارخانا كىچىك كارخانىلار ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىغا كىرىپ ماكانلىشىپ، 85 مىليون يۈەنلىك يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

□ چېن ياڭ فوتوسى

نەتىجىلەرنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيلى مېھىر ـ شەپقەتنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايلى

ـــ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېڭى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بۇ قېتىمقى يىغىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان چوڭقۇر سەممىي غەمخورلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چەكسىز ئىللىقلىق ھېس قىلدى، چىن قەلبىدىن مىننەتدار بولدى.

ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماقنىمۇ مېھرىبانلىق قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەزەلدىن شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى باش شۇجى شى جىنپىڭ قەلبىگە پۈكۈپ كەلدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP